«1 - ماي»دىكى ياخشى چاغلاردىن ئورتاق بەھرىلىنىش

# بايرامدا دەم ئالماي «جەڭ» قىلىش

—— ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە چىڭ تۇرغانلىقى توغرىسىدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمىز

□پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

بۇ «1 - ماي»لىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار دەم ئېلىشتىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋاز كېچىپ، بىرىنچى سەپتە چىڭ تۇردى، ئۇلار ئەتىگەن تۇرۇپ كەچ ياتتى، تەرەپ - تەرەپكە چاپتى، دېھقان ئائىلىلىرىگە كىردى، زاۋۇت، ئېتىز باشلىرىغا باردى... نامرات ئاممىلار بىلەن بىللە ئەمگەك قىلىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىش چارىسىنى ئورتاق مەسلىھەتلەشتى، نامرات ئاممىغا ئەڭ ئالدىراۋاتقان، ئەڭ غەم قىلىۋاتقان، ئەڭ ئارزۇ قىلىۋاتقان مەسىلىلەرنى جان - دىلى ۋە بار كۈچى بىلەن ھەل قىلدى.

«قايچىنى چىڭ تۇتۇڭ، قولىڭىز تىترىمىسۇن، سىزىپ بولغان سىزىقلارغا ئوبدان قاراڭ، پىچقاندا بىراقلا پۈتتۈرۈۋېتىڭ...» 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئەتىگەنلىك يىغىن ئەمدىلا ئاخىرلىشىشى بىلەن ئابدۇرېھىم ئابدۇۋېلى ئۇسسۇزلۇق ئىچىۋېلىشقا ئۈلگۈرمەيلا، كەنت ئاھالە كومىتېتى بىلەن بولغان ئارىلىقى 900 مېتىر كېلىدىغان شىنشىڭ كىيىم - كېچەك شىركىتىگە بېرىپ، ئىشقا چۈشكىنىگە ئۇزاق بولمىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىيىم پىچىش، تىكىشكە يېتەكچىلىك قىلدى.

ئابدۇرېھىم قاغىلىق ناھىيەلىك يېزا ھەمكارلىق ئىگىلىكى تىجارىتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ بۇ ناھىيەنىڭ لوق يېزىسى كەڭكېچىك كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى.

«شىنشىڭ كىيىم - كېچەك شىركىتى كەنتىمىز سودىگەر ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىپ قۇرغان كارخانا بولۇپ، بۇ كەنتتىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 170 نەپەر نامرات ئاھالىنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. مەھسۇلاتنىڭ بازىرى ياخشى بولغاچقا، شىركەت يېڭى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىۋاتىدۇ. يېڭى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەتكە تېزدىن ماسلىشىشى ئۈچۈن، بىز خىزمەت، تۇرمۇشتا ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز ۋە ياردەم بېرىشىمىز كېرەك» دېدى ئابدۇرېھىم.

چۈشتە، ئابدۇرېھىم توكسىكلىتىنى مىنىپ، پات ئارىدا تىجارەت باشلايدىغان «ئون كىچىك دۇكان»غا ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. «ھەر بىر دۇكاننىڭ چىراغ توكىنى قايتا تەكشۈردۈڭلارمۇ؟ ھاۋا ئىسسىپ كەتتى، دۇكان ئىشىكى ئالدىغا قويۇلىدىغان كۆنلۈكنىڭ چوڭراقىنى ئېلىڭلار...» ئابدۇرېھىم خىزمەتچىلەردىن تەپسىلىي سورىدى ۋە ئۇلارغا تاپىلىدى.

پات ئارىدا تىجارەت باشلايدىغان «ئون كىچىك دۇكان» بۇ يىل كەڭكېچىك كەنتى كەنت ئاھالە كومىتېتى ئاھالىلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە كۆپەيتىپ ئاچقان دۇكانلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇلتۇر ئېچىپ ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتقان ئون دۇكاننى قوشقاندا، ھازىر، بۇ كەنتتە رەتلىك 20 دۇكان ئېچىلىپ، ئىگىلىك تىكلەش كوچىسىنى شەكىللەندۈردى. «دۇكانلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ خاسلىقى بار، ھەم ياشلار ئىگىلىك تىكلەش ئۈلگە كۆرسىتىش دۇكىنى، ھەم ئائىلە بىرلىك قىلىنغان ئەر - خوتۇنلار دۇكىنى بار» دېدى ئابدۇرېھىم.

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، گۇما ناھىيەلىك نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى يوۋ ۋېيبىن نامراتلارنى يۆلەش ماتېرىياللىرى لىق سېلىنغان سومكىسىنى كۆتۈرۈپ يولغا چىقتى. شۇ كۈنى، ئۇ گۇما ناھىيەسىنىڭ پىشنا يېزىسى ۋە باش لەڭگەر يېزىسىغا بېرىپ، نامرات ئاھالىلەرنىڭ سىياسەتتىن بەھرىمەن بولۇش، ئائىلە كەسپى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ، ياردەم بېرىش - يۆلەش تەدبىرلىرىنى ھەرىكەت ھالىتىدە تەكشۈرۈپ ئىز قوغلاپ ئەمەلىيلەشتۈرمەكچى ئىدى.

يوۋ ۋېيبىن مۇنداق دېدى: «نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە ئەڭ مۇھىمى نامرات ئاھالە بىلەن ‹قەلبداش› بولۇش. ئاممىنىڭ خىزمىتىنى ئىشلەشتە ئازراقمۇ ساختىلىق قىلىشقا بولمايدۇ، جەزمەن ھەممە ئائىلىگە كىرگەندىلا، ئاندىن ھەممە ئائىلىنىڭ ئەھۋالىنى بىلگىلى بولىدۇ».

سائەت 21دە، يوۋ ۋېيبىن خىزمەتداشلىرى بىلەن بىر يەرگە يىغىلىپ، ئىككىنچى كۈندىكى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى مەسلىھەتلەشتى.

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سەھەردە، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق سۇچىلىق ئىدارىسىدىن ئاتۇش شەھىرىنىڭ كاتتايلاق يېزىسى چوقچى كەنتىدە تۇرۇشلۇق نامراتلارنى يۆلەش بويىچە مەخسۇس ۋەزىپىدىكى شۇجى ئابدۇرېشىت ئەيسا ئورنىدىن بالدۇرلا تۇرۇپ، كەنت ئاھالىسىنىڭ باقمىچىلىق قوتىنىغا بېرىپ، كالا - قويلارنىڭ بېقىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆردى.

«يېزىمىزنىڭ قوي گۆشىنىڭ سۈپىتى ياخشى، تەمى ئالاھىدە، شۇڭا بىز كەنتىنىڭ باقمىچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردۇق» دېدى ئابدۇرېشىت.

«ۋەي، ئا شۇجى، كېلىپ قويلارنى قانداق باقانلىقىمنى كۆرۈپ بېقىپ، تەكلىپ بەرگەن بولسىڭىز.» چۈش بولغاندا، تاماق يەۋاتقان ئابدۇرېشىت كەنت ئاھالىسى مەريەمگۈل مەمەتئابلانىڭ تېلېفونىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، قاچىسىنى قويۇپلا دەرھال ماڭدى.

مەريەمگۈل كەنتتىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە ئىدى. ئابدۇرېشىت ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا نۇرغۇن ياردەم بەردى. 2019 - يىلى، مەريەمگۈل 15 مىڭ يۈەن قوي قوتىنى سېلىش تۈرى سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولۇپلا قالماي، يەنە نامراتلارنى يۆلەش قويى ئالدى. بۇلتۇر، مەريەمگۈل ئائىلىسىنىڭ يىللىق كىرىمى 30 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

«3 - ئايدا، بىز 165 تۇياق نامراتلارنى يۆلەش كالىسىنى ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈش تۈرىنى يولغا قويۇپ، كەنتىنىڭ قوي - كالا بورداش ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، باشقۇرۇش مۇلازىمىتىنى ياخشى قىلىش بىلەن بىللە، سېتىش يولىنى كېڭەيتىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا ياردەم بەردۇق» دېدى ئابدۇرېشىت.

«شوخلا مايسىلىرىنى سەل يېقىن تىكىپ قويۇپسىز، بۇنداق بولغاندا شوخلىغا ئۇزۇقلۇق يېتىشمەي، ئاخىرىدا شوخلا چۈشۈشكە تەسىر كۆرسىتىدۇ.» 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، باي ناھىيەسىنىڭ ياتۇر يېزىسى يېڭىلەڭگەر كەنتىنىڭ مۇئاۋىن كەنت مۇدىرى جاڭ شيەنبىڭ دېھقانلارغا كۆكتات تېرىش تېخنىكىسى بويىچە يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن ئالدىراش ئىدى.

ھازىر دەل كۆكتات تېرىش مەزگىلى، شۇنداقلا جاڭ شيەنبىڭ ئەڭ ئالدىراش بولۇپ كېتىدىغان ۋاقىت، ئۇ ھەممە ئائىلىلەرگە كىرىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كۆكتات تېرىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تۈرلۈك كۆكتات مايسىلىرىنى ئېتىزغا كۆچۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلاتتى.

1989 - يىلى، جاڭ شيەنبىڭ ئائىلىسى سىچۈەندىن يېڭىلەڭگەر كەنتىگە كەلگەن، جاپاغا چىدايدىغان، تېخنىكا بىلىدىغان ئۇ تېرىقچىلىققا تايىنىپ بېيىدى. 2018 - يىلى 7 - ئايدا، كەنتتىكى ئاشكارا سايلامدا، ئۇ كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا سايلاندى.

«كەنت ئاھالىلىرى ماڭا ئىشەنگەن ئىكەن، مەن مەسئۇلىيەتنى زىممەمگە ئېلىشىم كېرەك. ھازىر ھەممە ئائىلە ئەڭ ئالدىراش بولۇپ كېتىدىغان ۋاقىت، مەن ئايىغىمنى سەل چاققان قىلسام، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىمۇ كۆپىيىدۇ» دېدى جاڭ شيەنبىڭ.

**(مۇخبىرىمىز شيا چىڭ، قەشقەر مۇخبىرلار پونكىتىدىن پەن يەنيۈن، ۋاڭ جىجېڭ، خوتەن مۇخبىرلار پونكىتىدىن شى يىڭيىڭ، قىزىلسۇ ئوبلاستى مۇخبىرلار پونكىتىدىن زۇلپىيە، ئىختىيارىي مۇخبىر نيۇ خەيبەن يازغان)**

مەدەنىيلىك ئىدىيەسىنى تارقىتىش دەۋر يېڭى ئىستىلىنى ئەۋج ئالدۇرۇش

# ئاپتونوم رايونىمىز «مەدەنىي، ساغلام بولۇشتا سىز بار، مەن بار» ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئېلانى تەشۋىقات ھەرىكىتىنى باشلىدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: «تېز رىتىملىق تۇرمۇشتا، قەدىمىڭىزنى ئاستىلىتىپ، بىر خالىي جاينى تېپىپ، ياخشى كىتابتىن بىرنى ئوقۇڭ. كىتاب ئوقۇش كەلگۈسىنى تېخىمۇ رەڭدار قىلىدۇ. ئومۇمىي خەلق كىتاب ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، كىتابخۇمار جەمئىيەت بەرپا قىلايلى.» 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى (مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى ئىشخانىسى) تەشكىللەپ قانات يايدۇرغان «مەدەنىي، ساغلام بولۇشتا سىز بار، مەن بار» ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئېلانى تەشۋىقات ھەرىكىتىنى باشلاش مۇراسىمى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، مەزمۇنى يېڭىچە بولغان باش تېما تەشۋىقات فىلىمى كىشىلەرنى يېڭى تونۇشقا كەلتۈردى.

بۇ ھەرىكەت پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلارنى ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئېلانىدىن پايدىلىنىپ، مەدەنىيلىك ئىدىيەسىنى تارقىتىپ، دەۋر يېڭى ئىستىلىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ساغلام جۇڭگو بەرپا قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ مەدەنىيلىك ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلەپ، ياخشى جەمئىيەت مۇھىتى بەرپا قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى.

يېشىل، مۇھىت ئاسرايدىغان، ساغلام تۇرمۇش، مەدەنىي ھەرىكەت، ياخشى روھىي ھالەت، مۇھىت تازىلىقى، يېڭى ئىستىلنى ئورتاق بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئالتە چوڭ باش تېمىنى چۆرىدەپ، ئاممىۋى چوكا ئىشلىتىش، ياۋايى ھايۋان ۋە ئۇچار قاناتلارنى يېيىشنى رەت قىلىش قاتارلىق 24 جەھەتتىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى (مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى ئىشخانىسى) 30 پارچە ئاممباب، چۈشىنىشلىك، سۈرەت بىلەن يېزىق بىرلەشتۈرۈلگەن ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئېلانى ۋە بىر تۈركۈم تارقىتىشقا پايدىلىق ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئېلانى تەشۋىقات فىلىمىنى تەشكىللەپ ئىشلىدى ھەم باشلىنىش مۇراسىمى نەق مەيداندا ئېلان قىلدى. بۇ ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئېلانلىرى كۆرسەتمىلىك، جانلىق، ئۈن - تىنسىز تەسىر كۆرسىتىشتەك تەشۋىقات ئۇسۇلى ئارقىلىق، ھەر مىللەت ئاممىنى ئىشنى ئەتراپىدىن باشلاپ، مەدەنىي، ساغلام بولۇش ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ياخشى مەدەنىي ھەرىكەت ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە يېتەكلەيدۇ.

مۇخبىر نەق مەيداندا بۇ ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئېلانلىرىدا كۆپچىلىككە تونۇشلۇق نۇرغۇن نەمۇنىلىك شەخسلەر يەنى «خەلق ئۈلگىسى» بۇرماقان مولدۇ، «ئەڭ گۈزەل كۆرەش قىلغۇچى» ليۇ مىڭتىڭ، «جۇڭگونى تەسىرلەندۈرگەن» شەخس ھەنىپە ئالماخۇن، مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىسى ليۇ يۈليەن قاتارلىقلارنىڭ بارلىقىنى كۆردى، بۇ نەمۇنىلىك شەخسلەرنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىش، يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق، دەۋر يېڭى ئىستىلىنى ئەۋج ئالدۇرغىلى بولىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى فۇ خۇڭپى مۇنداق دېدى: «بىز ‹مەدەنىي، ساغلام بولۇشتا سىز بار، مەن بار› ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئېلانى تەشۋىقات خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى يېڭى بىر نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك مەدەنىي شەھەر، مەدەنىي كەنت - بازار، مەدەنىي ئورۇن، مەدەنىي ئائىلە، مەدەنىي مەكتەپ قاتارلىق مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى خىزمىتىدىكى ئىلغارلارنى باھالاش - تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، قويۇق تەشۋىقات كەيپىياتى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولىمىز».

(بېشى 1 - بەتتە)

«يېڭى كەلگەندە مەھپۇزەمنىڭ ھېچقانداق تەجرىبىسى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پۇت - قولى چاققان بولۇپ، ئىشنى تېپىپ قىلاتتى، بىلمىگەن جايلىرىنى پېشقەدەم دۇكان خىزمەتچىلىرىدىن كەمتەرلىك بىلەن سوراپ ئۆگىنەتتى، شۇڭا ئۇ ناھايىتى تېز ئىلگىرىلىدى» دېدى مېۋە - چېۋە دۇكىنىنىڭ خوجايىنى فېڭ چيۇ مۇخبىرغا.

دەسلەپتە مەھپۇزەم مېۋە - چېۋىلەرنى رەتلەش، جازىغا چىقىرىش ئىشلىرىنىلا قىلاتتى. كېيىن مەھپۇزەم پېشقەدەم دۇكان خىزمەتچىلىرىگە ئەگىشىپ، خېرىدارلارنى قانداق كۈتۈش، مېۋە - چېۋىلەرنى قانداق تەۋسىيە قىلىشنى ئۆگەندى. مەھپۇزەم ئىنتايىن كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىپ، ناھايىتى تېزلا مۇستەقىل مال ساتالايدىغان بولدى.

«مەھپۇزەم ناھايىتى ئىشچان، دائىم مېۋە - چېۋىلەرنى رەتلىك تىزىدۇ، يەنە تېخى ئالما، نەشپۈت قاتارلىق مېۋىلەرنى سۈرتۈپ پارقىرىتىپ، تېخىمۇ كۆركەم قىلىۋېتىدۇ» دېدى فېڭ چيۇ. مەھپۇزەم ئىشچان بولۇپلا قالماي، يەنە ناھايىتى قىزغىن ئىدى. بىر قېتىم بىر ياشانغان كىشى دۇكانغا كىردى، ئۇنىڭ ھەرىكىتى قولايسىز بولۇپ، كۆزىمۇ ياخشى كۆرمەيتتى، مەھپۇزەم ياشانغان كىشىگە ياردەملىشىپ مېۋە - چېۋىلەرنى تالالاپ بەردى، پۇل تۆلىگەندە ياشانغان كىشى 50 يۈەننى بەش يۈەن دەپ قالغاندا، مەھپۇزەم ۋاقتىدا ئەسكەرتتى، ياشانغان كىشى ئارقا - ئارقىدىن «ياخشى قىز ئىكەنسىز، رەھمەت سىزگە» دېدى.

تۇنجى قېتىم مائاش تارقاتقاندا مەھپۇزەم 2600 يۈەن مائاش ئالدى، يەنە 200 يۈەن تولۇق ئىشقا چىقىش مۇكاپاتىمۇ ئالدى، بۇ، مەھپۇزەمنىڭ تۇنجى قېتىم ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تاپقان پۇلى ئىدى. مەھپۇزەم بالىسىغا بىر قۇر يېڭى كىيىم، ئاپىسىغا ياخشى كۆرىدىغان پىچىنە - پىرەنىك ئېلىپ بەردى، قەلبى تولىمۇ رازىمەنلىككە تولغانىدى.

### تەلىم - تەربىيە مەكتىپىدىكى ياخشى ئوقۇغۇچى

مەھپۇزەم بۇ يىل 24 ياشقا كىرگەن بولۇپ، تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن داۋاملىق ئوقۇماي، ئىزچىل ئائىلىسىدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنىدى، 20 يېشىدا ئاتا - ئانىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇپ ياتلىق بولدى. توي قىلغاندىن كېيىن، مەھپۇزەم ئائىلىسىدىن خەۋەر ئالغاندىن باشقا، ھېچقانداق ئىش قىلمىدى. بوش ۋاقىتلىرىدا، ئۇ بىر قىسىم دوستلىرى بىلەن يىغىلىشاتتى. بىر قېتىم بىر دوستى نىقابلىق كىيىم كىيىپ، ئاياللار مۇشۇنداق كىيىنگەندىلا ئاندىن سىرتقا چىقسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەھپۇزەم بۇنداق ياسىنىشنى ياقتۇرمايتتى، ئەمما كۆپ ئاڭلىغاچقا، ئۇمۇ نىقابلىق كىيىم كىيىۋالدى. ئاستا - ئاستا، مەھپۇزەم بارغانسېرى ئەسەبىيلىشىپ، بارغانسېرى كەم سۆز بولۇپ، كۈنبويى سىرتقا چىقمايدىغان بولۇپ قالدى. بىر قېتىم ئاپىسى يېڭى كۆڭلەك كىيىپ، خۇشال ھالدا ئۇنىڭدىن چىرايلىقمىكەن دەپ سورىغاندا مەھپۇزەم ئاپىسىغا ۋارقىراپ كايىپ كەتتى. ئاپىسى يىغلاپ تۇرۇپ: «بالام، سەن نېمىشقا بۇنداق ئۆزگىرىپ كەتتىڭ!» دېدى.

ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ ئىنتايىن تىت - تىت بولۇپ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىگە ئېيتتى. خىزمەت ئەترىتىدىكى ئەترەت ئەزالىرىنىڭ سەۋرچانلىق بىلەن نەسىھەت قىلىشى ئارقىلىق، مەھپۇزەم ئاقسۇ شەھەرلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە كېلىپ ئوقۇشقا تىزىملاتتى.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىنىڭ تۇرمۇشى خۇددى چاقناپ تۇرغان قۇياش نۇرىغا ئوخشاش، مەھپۇزەمنىڭ بېكىنمە، غەمكىن قەلبىنى يورۇتۇپ، ئۇنىڭ بەختلىك تۇرمۇشقا ئاتلىنىشىدىكى ئۈمىد ئىشىكىنى ئاچتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەممىي ئىلھام بېرىدىغان سۆزلىرى مەھپۇزەمنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغىدى؛ مول مەزمۇنلۇق، رەڭدار مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئۇنى ئوچۇق - يورۇق قىلىپ ئۆزگەرتتى؛ تېخىمۇ كۆپ بىلىملەرنى ئۆگەندى، ئۇ تېخىمۇ كۆپ داۋلىنى چۈشەندى، شۇنداقلا بارغانسېرى ئۆزىگە ئىشىنىدىغان بولدى.

«قانۇن ئۆگەنگەندىن كېيىن شۇنى بىلدىمكى، مەن دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملىنىپتىمەن، ئەگەر ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى دەل ۋاقتىدا تۈگەتمىگەن بولسام، ئۆزۈمگە، ئائىلەمگە، ھەتتا جەمئىيەتكە خەۋپ ئېلىپ كېلەركەنمەن.» بۇ داۋلىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، مەھپۇزەم تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگەندى، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى ئىمتىھان نەتىجىسى ئالدىنقى قاتاردا بولۇپلا قالماي، كەسپىي ماھارەت ئۆگىنىش نەتىجىسىمۇ يامان ئەمەس بولۇپ، سىنىپتىكى مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىغا ئايلاندى.

### تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، بالىسىنى ياخشى تەربىيەلەش

«مەن تەربىيەلەش مەركىزىدە مېھمانسارايى باشقۇرۇش كەسپىنى ئۆگەندىم، خېرىدارلارغا قانداق مۇلازىمەت قىلىش توغرىسىدا مەخسۇس تەربىيەلەندىم، بۇنىڭ مېنىڭ ھازىرقى خىزمىتىمگە بولغان ياردىمى ئىنتايىن چوڭ بولدى» دېدى مەھپۇزەم.

مېۋە - چېۋە دۇكىنىدا بىر مەزگىل خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، مەھپۇزەمنىڭ ئىپادىسىدىن دۇكاندار ئىنتايىن رازى بولۇپ، ئۇنى پۇل يىغقۇچى قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. «بۇ خىزمەت ئىنتايىن ئىنچىكە، ئەستايىدىل بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئازراقمۇ خاتالىق كۆرۈلسە بولمايدۇ. ئۇ خىزمەتنى ئىنتايىن ياخشى ئىشلىدى، پۇل يىغىشتا ھېچقانداق خاتالىق سادىر قىلىپ باقمىدى، كېيىن ئۇنىڭغا ئاستا - ئاستا مېۋە - چېۋە دۇكىنىنى باشقۇرۇشنى ئۆگىتىپ، ئۇنى دۇكان باشلىقى قىلىپ يېتىشتۈرمەن» دېدى فېڭ چيۇ.

خىزمەتنى ياخشى قىلىپلا قالماي، مەھپۇزەم خىزمەتداشلىرى بىلەن ئىنتايىن چىقىشىپ ئۆتتى. دۇكاندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوخشاش بولمىغان مىللەتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، مەھپۇزەم بۇ يەردە ھەر مىللەت ياخشى دوستلار بىلەن تونۇشتى. «فېڭ ھەدە ماڭا بەك كۆڭۈل بۆلىدۇ، خۇددى ئاپامغا ئوخشاش خىزمەتتە مېنى تەربىيەلەپلا قالماي، يەنە تۇرمۇشتىمۇ ماڭا ياردەم قىلىدۇ.» مەھپۇزەمنىڭ ئۆيىنىڭ يىراق ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، فېڭ چيۇ ئۇنىڭغا ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياتىقى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى، ئىشقا كۈندە پىيادە بېرىپ - كېلەلەيدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە مەھپۇزەم خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كۆنۈپ قالدى، ئۇ ھازىرقى تۇرمۇشىدىن ناھايىتى رازى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بالام بۇ يىل 7 - ئايدا يەسلىگە كىرىدۇ، مەن تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، بالامنى ياخشى تەربىيەلەيمەن».

ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالغاندىن سىرت، مەھپۇزەم يەنە قىزغىنلىق بىلەن كەنت ئاھالە كومىتېتىغا بېرىپ ياردەملەشتى. ئۇ تۇرۇشلۇق كەنتىنىڭ ئامانلىق قوغداش مۇدىرى ئىسمائىل ئىبرايىم مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: ھەر قېتىم كەنتتە تۈرلۈك پىدائىيلار پائالىيەتلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغاندا، مەھپۇزەم ئاكتىپ قاتنىشىدۇ. «مەن ئۇنىڭدىن پۇتۇڭخۇا ئۆگىنىمەن!» مەھپۇزەمنىڭ قېيىنئىنىسى ئەلا داۋۇت يەڭگىسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ھېس قىلدى، «ئىلگىرى يەڭگەم گەپ قىلىشنى ئانچە ياقتۇرمايتتى، ھازىر ئۇ ئوچۇق - يورۇق بولۇپ كەتتى، يەنە مۇستەقىل كۆزقارىشى بار بولدى».

«مەن تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ دۇكان باشلىقى بولۇپ، تۇرمۇشۇمنى بارغانسېرى ياخشىلايمەن!» دېدى مەھپۇزەم تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن.




# ئاچا - سىڭىل قول تۇتۇشۇپ، بەختلىك تۇرمۇشنى ياراتتى

□پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۇڭ ياۋېن

4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، جىڭ ناھىيەسىنىڭ باجياخۇ دېھقانچىلىق مەيدانى ئاياللار ئىگىلىك تىكلەش بويىچە يېتىشتۈرۈش بازىسىدىكى «مېھىر - شەپقەت نەرسە ئالماشتۇرۇش بوشلۇقى» تىككۈچىلىك دۇكىنىدا، رىزۋانگۈل راخمان بىر قولىدا مېتىر تۇتۇپ، بىر قولىدا بور بىلەن رەختكە ئەپچىللىك بىلەن بەلگە سىزىۋاتاتتى. «قاراڭ، بۇ مېنىڭ ئاچام ليۇ خۇاغا مەخسۇس تاللىغان رەختىم، مەن ئۆز قولۇم بىلەن ئۇنىڭغا بىر چىرايلىق ئەتلەس كۆڭلەك تىكىپ بېرىمەن، ئۇ كىيسە چوقۇم ناھايىتى يارىشىدۇ» دېدى رىزۋانگۈل مۇخبىرغا قولىدىكى ئىشنى قىلغاچ.

رىزۋانگۈل باجياخۇ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى، شۇنداقلا شۇ جايدىكى داڭلىق كەشتىچى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ ئائىلە ئاياللىرىدىن بېيىش باشلامچىسىغا ئايلىنىپ، بۇ «مېھىر - شەپقەت نەرسە ئالماشتۇرۇش بوشلۇقى» تىككۈچىلىك دۇكىنىنى ئاچماقتا، دۇكان گەرچە چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ دۇكانغا ئۇنىڭ ئارزۇلىرى تولغان.

ئۆزىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى تىلغا ئالغاندا، رىزۋانگۈل ھاياجان ئىلكىدە مۇنداق دېدى: «بۇلارنىڭ ھەممىسىدە مېنىڭ قوشماقلاشقان تۇغقىنىم ليۇ خۇاغا رەھمەت ئېيتىمەن، مېنى بۇ بېيىش يولىغا ئۇ باشلىغان».

ليۇ خۇا جىڭ ناھىيەلىك سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ كادىرى بولۇپ، ئۈچ يىل ئىلگىرى رىزۋانگۈل بىلەن تۇغقانلاشقانىدى.

ئىگىلەش ئارقىلىق، ليۇ خۇا رىزۋانگۈل ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ يەر تېرىشقا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغانلىقى، بىر يىللىق كىرىمىنىڭ 20 مىڭ يۈەندىن ئاشمايدىغانلىقىنى بىلدى. «ئەگەر يېرىڭلارنى ئوبوروت قىلدۇرۇۋەتسەڭلار، بىر يىلدا يەر ئوبوروتىدىن 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلالايسىلەر، ئەر - خوتۇن ئىككىڭلار يەنە باشقا ئىشلارنى قىلساڭلار، كىرىمىڭلار چوقۇم ھازىرقىدىن يۇقىرى بولىدۇ» دېدى ليۇ خۇا رىزۋانگۈلگە.

ليۇ خۇانىڭ سۆزى رىزۋانگۈلنىڭ قەلبىدە ئىگىلىك تىكلەش يالقۇنىنى ياندۇردى. كۆپ قېتىم چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، ليۇ خۇا رىزۋانگۈلنىڭ ئېرىنىڭ ئۆيىدە كالا، قوي باقمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللانسا، رىزۋانگۈلنىڭ تىككۈچىلىك، كەشتىچىلىك ھۈنىرى بار بولغاچقا، تىككۈچىلىك دۇكىنى ئاچسا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.

دۇكان ئېچىشقا پۇل كەملىگەندە، ليۇ خۇا قەرز پۇل ئېلىشقا ياردەملەشتى؛ ئۈسكۈنە كەمچىل بولغاندا، ليۇ خۇا ئالاقىلىشىپ ئۈسكۈنە سېتىۋېلىشقا ياردەملەشتى... ليۇ خۇانىڭ ياردىمىدە، رىزۋانگۈلنىڭ تىككۈچىلىك دۇكىنى تىجارەت باشلىدى.

دەسلەپتە تىككۈچىلىك دۇكىنىنىڭ كىرىمى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى، ئۆزگەرتىش قىيىن بولغان كىيىملەر دائىم ئۇچراپ تۇراتتى. ھەر قېتىم رىزۋانگۈل قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، ليۇ خۇا دائىم كېلىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى، ئارقىدىن دەرھال تەربىيەلەش كۇرسى بىلەن ئالاقىلىشىپ، رىزۋانگۈلنى تىككۈچىلىك، كەشتىچىلىك تېخنىكىسىنى سىستېمىلىق ئۆگىنىشكە ئورۇنلاشتۇردى.

«دەسلەپتە مەن پەقەت ئاددىي تىككۈچىلىك قىلالايتتىم، يەنىلا ئاچام ئەتراپلىق ئويلاپ، مېنىڭ تەربىيەلەش كۇرسىدا ئوقۇشۇمغا ياردەملەشتى. ھازىر مەن نۇرغۇن تېخنىكا ئۆگىنىۋالدىم، دۇكاندا تىجارەت قىلىدىغان تۈرلەرمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى، كىرىممۇ بارغانسېرى ئاشتى» دېدى رىزۋانگۈل كۈلۈپ تۇرۇپ.

كامالەتكە يەتكەن كەشتىچىلىك، تىككۈچىلىك ھۈنىرى رىزۋانگۈلنى بىر تۈركۈم سادىق خېرىدارلارغا ئېرىشتۈردى. تىككۈچىلىك دۇكىنىمۇ ئەسلىدىكى نوقۇل ھالدا كەشتىلەنگەن ياستۇق، يوتقان - كۆرپە، داستىخان قاتارلىقلارنى تىكىشتىن كۆڭلەك، ماموق كىيىم قاتارلىقلارنى تىكىشكىچە كېڭەيدى. دۇكاندىكى زاكازنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، رىزۋانگۈل تىككۈچىلىك تېخنىكىسىنى ئەتراپىدىكى ئاچا - سىڭىللارغا ئۆگىتىشكە باشلىدى، يەنە ئۈچ ئىشچى - خىزمەتچى قوبۇل قىلدى.

«ھازىر مېنىڭ بىر ئايدا 4000 يۈەندىن ئارتۇق مۇقىم كىرىمىم بار، بۇنىڭغا باقمىچىلىق ۋە يەر ئوبوروتىدىن قىلغان كىرىمنى قوشقاندا، بىر يىللىق ئائىلە كىرىمىمىز 150 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا بولىدۇ. ھازىر ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ» دېدى رىزۋانگۈل.

ھازىر رىزۋانگۈل ئۆزىگە ئىشىنىدىغان بولدى، شۇنداقلا تېخىمۇ خۇشخۇي بولۇپ كەتتى. «ئاچامنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى ۋە ياردىمى بولمىسا، مەن دۇكان ئېچىپ ئىگىلىك تىكلەشكە جۈرئەت قىلالمايتتىم، ھازىر مەن ئىككى قولۇم بىلەن بەختلىك تۇرمۇشۇمنى ياراتتىم، بۇنىڭدىن ناھايىتى پەخىرلىنىمەن» دېدى ئۇ.

ئۈچ يىل جەريانىدىكى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار بۇ ئاچا - سىڭىلنىڭ قەلبىنى بارغانسېرى يېقىنلاشتۇردى. دۇكاننىڭ كېيىنكى مەزگىللىك تىجارىتىگە قارىتا، ئاچا - سىڭىل ئىككىيلەننىڭمۇ يېڭى پىلانلىرى بار بولدى. ليۇ خۇا مۇنداق دېدى: «بىز بۇ يىل يەنە ئۈچتىن بەشكىچە تىكىش ماشىنىسى كۆپەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ تىككۈچىلىك قىلىش ئويى بار ئاچا - سىڭىللارنى تىككۈچىلىك دۇكىنىدا ئىشلەشكە جەلپ قىلىپ، كۆپچىلىكنى بىرلىكتە كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشقا يېتەكلەشنى ئويلاشتۇق».